# 43065 ـ مەككە ئەھلىنىڭ ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن ئېھرام كىيىدىغان ئورنى توغرىسىدا

**سۇئال**

مەككە ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن قايسى جايدىن ئېھرام كىيىدۇ؟ ئەگەر ئۇلار ياز پەسلىدە ھۇدا دېگەندەك ئېھرام كىيىش بەلگىلەنگەن جايىنىڭ سىرتىدا بولسا ئۆمرىگە قايسى جايدىن ئېھرام كېيىدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

مەككە ئەھلى ئۆمرىگە تەنئىمغا ئوخشاش ھەرەمنىڭ سىرتىدىكى جايلارغا چىقىپ ئېھرام كىيىدۇ، ئەگەر ئۇلار ياز پەسلىدە ھۇدا دېگەنگە ئوخشاش بەلگىلەنگەن جايىنىڭ سىرتىدا تۇرغان بولسا، ئۆمرە قىلىشنى مەقسەت قىلغاندا ئۆزلىرىنىڭ تۇرغان ئورنىدىن ئېھرامغا كىرىدۇ، ئېھرام كىيىش توغرىسىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: بەلگىلەنگەن جايىنىڭ سىرتىدا تۇرىدىغانلار ئۆزلىرىنىڭ تۇرغان يېرىدىن ئېھرامغا كىرىدۇ، ھەتتا مەككە ئەھلىمۇ مەككىدىن ئېھرامغا كىرىدۇ. [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس].

يەنە بۇخارى ۋە مۇسلىمدە ئىسپاتلانغان سەھىھ ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مەككىدە ئۆمرە قىلىشنى مەقسەت قىلغاندا، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنى ھەرەم دائىرىسىنىڭ سىرتىغا چىقىپ ئېھرام كىيىپ كىرىشكە بۇيرىغان. ئاللاھ مۇۋەپپەق قىلسۇن.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.